# مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى

## مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن

## گو پېڭلىياڭ

مەملىكىتىمىز چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن تارتىپلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىختا ئىزچىل ھالدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. ئازادلىقتىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى يولغا قويۇلۇش بىلەن، مىللەتلەر تارىخى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلمەكتە. مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا، بۇ جەھەتتىكى مۇھاكىمىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان يېڭى مەسىلىلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ئىختىلاپلىق پىكىرلەرمۇ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن، بۇ جەھەتتىكى مۇھاكىمىگە مەن بەكمۇ قىزىققانلىقىم ئۈچۈن، ئۇزۇندىن بۇيان مېنىڭدىمۇ بەزى قاراشلار شەكىللەندى. تۆۋەندە مەن ئۆزەمنىڭ ئۇششاق تەسىراتىم سۈپىتىدە ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

### 1. مىللەت ۋە دۆلەت

مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇشى چىن شىخۇاڭنىڭ بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋاقتىدىن باشلانغان. شۇڭا، مىللەت بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھانا مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مۇھاكىمە قىلىشقا توغرى كېلىدۇ. مۇھاكىمە داۋامىدا مۇشۇ مەسىلە ھەققىدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرىمۇ ئەڭ كۆپ بولدى.

چىن (秦) سۇلالىسى بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇپ، ئۇ ئىلگىرىكى بەگلىكلەرنىڭ بۆلۈنمە ھاكىمىيىتى ئورنىغا ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمىنى دەسسىتىپ، ھوقۇقنى پادىشا باشچىلىقىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرگەن. چىن سۇلالىسىمۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، خەنزۇلار ھۆكۈمران مىللەت، باشقا مىللەتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەت ئىدى. چىن سۇلالىسى بىلەن پاراللېل ھالدا، شەرقىي شىمالدا تۇڭغۇزلار، شىمالدا ھۇنلار، غەربىي شىمالدا ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، ساقلار ھەمدە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى شەھەر بەگلىكلىرى

بار ئىدى. ئەينى زاماندا بۇ مىللەتلەر ۋە ئۇلار ياشاۋاتقان زېمىنلار تېخى جۇڭگونىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن ئىدى، ئۇلار تېخى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ھېسابلانمايتتى.

خەن سۇلالىسى چىن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ئۇمۇ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ئەسلىدىكى چىن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىدىن باشقا، خەن ۋۇدى پادىشاھلىقىدىن كېيىن، يەنە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەسلى چىن سۇلالىسىغا تەۋە بولمىغان مىللەت ۋە جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. غەربىي رايون مىلادىدىن ٦٠ يىل ئىلگىرى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن جۇڭگونىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن. ھۇنلارنىڭ قوغشار تەڭرىقۇتى خەن خاندانلىقىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن ئاندىن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولغان. شەرقىي خۇلاردىن ئۇغانلار ۋە سايبىلاردا خەن ۋۇدى زامانىدىلا ئۇغان چېرىكچى ئامبال      تەسىس قىلىنىپ، خەن خاندانلىقىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان.

ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ بىرىنچى قېتىم پارچىلىنىپ كەتكەن ۋاقتى بولۇپ، ۋېي، شۇ، ۋۇدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ پادىشاھلىقتىكى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھەممىسى خەنزۇ ئىدى. بۇ ئۈچ پادىشاھلىقتىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار ئىچىدە، كەڭ خەنزۇ خەلقىدىن باشقا، يەنە ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىر مۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بار ئىدى. ساۋۋېي پادىشاھلىقى شەرقىي خەن خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدا تەسىس قىلغان غەربىي رايون دورغابېگى ۋە ئوتتۇرانچى تىركەك چېرىكچى تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق، غەربىي رايوننى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇغان ۋە سايبىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شەرقىي خەن خاندانلىقىنىڭ ئۇغان ۋە سايبىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

غەربىي جىن 西晋 دەۋرىدە، گەرچە قىسقا مۇددەت بولسىمۇ، يەنە قايتا بىرلىككە كەلگەن ئىدى. غەربىي جىن خاندانلىقىنىڭ غەربىي رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى ساۋۋېي پادىشاھلىقىغا بىۋاستە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئورنىتىلغان. شەرقىي شىمال ۋە شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ غەربىي جىن خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ ساۋۋېي پادىشاھلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

شەرقىي جىن 东晋 ۋە 16 پادىشاھلىق دەۋرىدە، دۆلىتىمىزدە يەنە بىر قېتىملىق بۆلۈنۈش يۈز بەردى. شەرقىي جىن خاندانلىقىدىكى ھۆكۈمران مىللەت خەنزۇ مىللىتى بولۇپ، بۇ خاندانلىقنىڭ دائىرىسىدە بىر مۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بولغان، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەت ئىدى. شىمالدىكى 16 پادىشاھلىقنىڭ پەقەت بىر نەچچىسىنىلا خەنزۇلار قۇرغاندىن باشقا، كۆپچىلىكىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر، مەسىلەن، ھۇن، سايبى، جيە، دى، چياڭ قاتارلىقلار قۇرغان. خەنزۇلار قۇرغان ھاكىمىيەت بىر مۇنچە ئاز سانلىق

مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر قۇرغان ھاكىمىيەتمۇ يۈرگۈزۈلگەن خەنزۇلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئەينى زاماندا غەربىي شىمال دائىرىسىدە قۇرۇلغان بىر قانچە ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى شىنجاڭغىمۇ يېتىپ كەلگەن بولۇپ، شىنجاڭدا ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئەنە شۇ چاغلاردىن باشلانغان.

جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدە، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن ئېيتقاندا، يەنىلا بۆلۈنۈش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شىمال تەرەپ جەنۇب تەرەپكە ئوخشاشلا ئاساسەن بىر ھاكىمىيەت يەنى شىمالىي ۋېي خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. شىمالىي ۋېي خاندانلىقىدىكى ھۆكۈمران مىللەت سيانبىلار بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار ئىچىدە كەڭ خەنزۇ خەلقىدىن باشقا، يەنە بىر مۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بار ئىدى. جۇجانلار، ئېگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىللار) گەرچە شىمالىي ۋېي خاندانلىقىغا تەۋە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار شىمالىي ۋېي خانلىقىغا بەيئەت قىلغان. شىمالىي ۋېي، جۇجان، ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ تەسىر كۈچى غەربىي رايونغا يېتىپ كەلگەن. شىمالىي ۋېي خاندانلىقى كېيىنكى چاغلاردا شەرقىي ۋېي ۋە غەربىي ۋېي بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە شىمالىي چى، شىمالىي جۇ بولۇپ ئۆزگەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر زاماندا، ئەسلى جۇجانلارغا تەۋە بولغان تۈركلەرمۇ روناق تېپىپ، قۇدرەتلىك تۈرك خانلىقىنى قۇرغان.

سۈي ـ تاڭ سۇلالىرى دەۋرى ـــ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ زور دەرىجىدە راۋاجلانغان دەۋرى بولدى. بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى بىر تۇتاش ئىدارە قىلغان دائىرە، مەيلى كەڭلىك جەھەتتىن، مەيلى چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن بولسۇن، خەن سۇلالىسىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ ئىككى خاندانلىقتىكى ھۆكۈمران مىللەت خەنزۇلار بولۇپ، كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئورۇندا ئىدى. تاڭ خاندانلىقى شەرقىي شىمال، شىمال، غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب رايونلىرىدا تەسىس قىلغان تۇتۇق مەھكىمىلىرى شۇ رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئەنشى، بەشبالىق بۇ ئىككى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى بالقاش كۆلى ۋە سىر، ئامۇ دەريا ۋادىلىرىغىچە يېتىپ بارغان ئىدى. تۈبۈتلەر تاڭ سۇلالىسى بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدا ئۇ تېخى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئەمەس ئىدى.

بەش دەۋر ۋە لياۋ، سۇڭ، جىن 金 خاندانلىقلىرى دەۋرىدە، مەملىكىتىمىز يەنە بۆلۈنۈش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. بەش دەۋر ئىچىدىكى ئۈچ دەۋر (كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن (晋)، كېيىنكى خەن) نى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ساتى قۇرغان. لياۋ خاندانلىقىدىكى ھۆكۈمران مىللەت كىدانلار (قاراختايلار) بولۇپ، تازا كۈللەنگەن دەۋردە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى جەنۇب تەرەپتە شىمالىي جۇڭگونى، شىمال تەرەپتە موڭغۇل ياي‍لىقىنى، شەرق تەرەپتە ئامۇر (خېيلۇڭجياڭ) دەرياسى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، غەرب تەرەپتە ئالتاي تاغلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن. غەربىي رايوننىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ لياۋ خاندانلىقىنىڭ مەلۇم ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بولغان. جىن (金) خاندانلىقىدىكى ھۆكۈمران مىللەت جۇرجىنلار بولۇپ، ئۇنىڭ

هۆكۈمرانلىق دائىرىسى لياۋ خاندانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئاز-تولا كېڭەيگەن ۋە تارايغان. مەيلى لياۋ، مەيلى جىن خاندانلىقىدا بولسۇن، ئۇلارنىڭ هۆكۈمرانلىق دائىرىسىدە ئوخشاش بولمىغان بىر مۇنچە مىللەتلەر بولغان، ئۇنىڭ ئىچىدە نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغىنى خەنزۇلار ئىدى. ئىككى سۇڭ خاندانلىقىدىكى رايونلاردا هۆكۈمران ئورۇندا خەنزۇلاردىن باشقا، يەنە بىر مۇنچە ئاز سانلىق مىللەتمۇ بار ئىدى. تەيۋەن (ئۇ چاغدا ليۇچيۇ دەپ ئاتىلاتتى) ئىلە شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگەن. تۇبۇتلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇرغان ھاكىمىيەتمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھاكىمىيەتلەر بىلەن تەڭ قاتاردا تۇراتتى.

يۈەن سۇلالىسىنى موڭغۇللار قۇرغان، ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى (باشقا موڭغۇل خانلىقلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا) چىن - خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى جۇڭگو زېمىنىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى بىرلەشتۈرگەن، لېكىن كېڭەيتىش بولغان، ئەڭ مۇھىمى، شىزاڭ (تىبەت) مانا شۇ چاغدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ رەسمىي بىر قىسمى بولۇپ قوشۇلغان. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى مەمۇرى ئۆلكە تۈزۈمى ئەنە شۇ يۈەن سۇلالىسىدىن باشلانغان؛ بۇ تۈزۈم دەسلەپتە موڭغۇل يايلىقى، غەربىي رايون قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا يۈرگۈزۈلگەن ئىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى مىللەت ئاساسەن خەنزۇلار بولماي، يەنە باشقا نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بار ئىدى. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئوچۇق يارلىق چۈشۈرۈپ، جۇڭگولۇقلارنى موڭغۇللار، رەڭدار كۆزلۈكلەر، خەنزۇلار، جەنۇبلۇقلار (南人 يەنى جەنۇبىي جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر) دىن ئىبارەت 4 دەرىجىگە ئايرىشنى چاكالىغان. مانا بۇ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئۇز زېمىنىنىڭكىگە قارىغاندا كىچىكرەك بولۇپ، شۇ چاغدىكى تاتارلار، ئويراتلار (بۇلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇللارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى)، بەشبالىق (موغۇلىستان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن پاراللېل ئورۇندا تۇراتتى. لېكىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنى دەسلەپ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت قۇرغان چىن سۇلالىسىنىڭكىگە قارىغاندا چوڭ ئىدى. ئۇ، لياۋ (كىدانلار)، جىن (جۇرچېنلار)، يۈەن (موڭغۇللار) سۇلالىسىدىن كېيىن، شەرقىي شىمالدا نۇرغان تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىن، شىزاڭدا ئۈسى زاڭدۇ باشچىلىقىدىكى قوماندانلىق ئەلچى مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، سۇڭ، يۈەن سۇلالىرىدىن كېيىن، تەيۋەندە تەپتىش مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالدىكى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى قۇمۇلغىچە يېتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىش رولىنى ئوينىيالىغان ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنى مانجۇلار قۇرغان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئېلىمىز تارىخىدا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولغانلىقى شەك - شۈبھىسىز پاكىت، شۇڭا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىش ھاجەتسىز.

يۇقۇرقىلار — مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى مىللەت بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر ئاساسىي ئەھۋال. بۇ يەردە يەنىمۇ ئېنىق پەرق ئېتىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلە:

بىرىنچى، مەملىكىتىمىزنى قەدىمدىنلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت دەپ ھېساپلاشقا بولامدۇ - يوق؟ بەزىلەر: شۇنداق دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ، دەيدۇ؛ بەزىلەر: ئۇنداق دەپ ھېساپلاشقا بولمايدۇ، دەيدۇ. بۇ يەردىكى ئىختىلاپ «كۆپ مىللەتلىك» دېگەن گەپتە ئەمەس، بەلكى «بىرلىككە كەلگەن» دېگەن گەپتە. بەزىلەر: مەملىكىتىمىز قەدىمدىنلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىدى دېيىش ئىلمىي ئەمەس، دەپ قارايدۇ. مەن بۇنداق قاراشقا قوشۇلمايمەن. خۇددى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، مەملىكىتىمىز چىن شىخۇاڭ بىرلىككە كەلتۈرگەندىن بۇيان، بۇ ئارىدا بۆلۈنۈش تەكرار يۈز بەرگەن، ھەتتا بەزى بۆلۈنۈش ھالىتى بىر قەدەر ئۇزاق داۋام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئورنىنى ھامان بىرلىككە كېلىش ئالغان؛ بىرلىككە كېلىش دائىرىسى بەزىدە چوڭ، بەزىدە كىچىكرەك بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ بىرلىك نىسبىي تۇراقلىقتا ۋە كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا ۋارىسلىق قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان؛ بىرلىككە كېلىش دەرىجىسى بەزىدە چوڭقۇر، بەزىدە يۈزەرەك بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي يۈزلىنىشتىن ئالغاندا، ئۇ بارغانسېرى كۈچەيگەن، بارغانسېرى مۇستەھكەملەنگەن. دېمەك، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىز چىن شىخۇاڭ زامانىدىن باشلاپلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئارىلىقتا تەكرار يۈز بەرگەن بۆلۈنۈش پەقەت جۇڭگونىڭ ئۆز زېمىنىدىلا يۈز بەرگەن بىر قانچە پاراللېل ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى باشقىچە ئىزاھلىماسلىق كېرەك. بۇ ھەقتە قەدىمقى كىشىلەر بىز ئۈچۈن تەكرار ئېنىق خۇلاسە چىقىرىپ بەرگەن، 24 تارىخ بۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى. ۋېي، شۇ، ۋۇ — بۇ ئۈچ پادىشالىقنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، ئۇلار بۆلۈنۈپ كەتتى دېگەندە كىمنى بۆلۈۋەتتى؟ خەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت زېمىنىنى بۆلۈۋەتتى؛ 16 پادىشالىق ۋە شەرقىي جىن (东晋)، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار، لياۋ بىلەن سۇڭ، جىن (金) بىلەن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ چاغدىكى جۇڭگو زېمىنى دائىرىسىدىكى ھاكىمىيەت ياكى دۆلەتلەر ئىدى، بۇنى يەنە ئىسپاتلاپ ئولتۇرۇش ھاجەتمۇ؟ ئەگەر بىراۋلار يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى بىرەر ھاكىمىيەتنى تالالاپ، ئۇنى شۇ چاغدىكى جۇڭگوغا ۋەكىل قىلىپ، باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگونىڭ سىرتىغا قېقىپ چىقىرىۋەتمەكچى بولىدىكەن، ئۇ، مۇقەررەر يوسۇندا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى تارىخشۇناسلىقىدىكى ئورتودوكس

كۆز قارىشى پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى بۆلۈنۈشلەر پەقەت جۇڭگو زېمىنىدىلا بۆلۈنۈشى، بۇ پرىنسىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىغا مۇۋاپىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چېگرا رايونلارغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرسەك، 5 دەۋر ۋە سۇڭ، لياۋ، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە، غەربىي رايوندا قارا خانىلار سۇلالىسى دەپ ئاتالغان بىر خانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىن تاكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىچە يېتىپ بارغان ئىدى، ئۇ شۇ چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدىكى بىر قانچە ھاكىمىيەت بىلەن پاراللېل ئورۇندا تۇراتتى، لېكىن ئۇ يەنىلا شۇ چاغدىكى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ بىرىنچىدىن، قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئالىملىرى شۇنداق دەپ قارىغان. قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ بىر مۇنچە خانلىرى ئۆز ئۇنۋانىغا «تابغاچ خان» دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئاتىغان، «تابغاچ» سۆزى «جۇڭگو» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ يەنە بەزى خانلار ئۆز ئۇنۋانىنى «شەرق ۋە جۇڭگو خانى» دەپ ئاتىغان؛ 11-ئەسىردىكى مەشھۇر «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرى: قاراخانىلار زېمىنى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، دېگەن. ئىككىنچىدىن، قاراخانىلارنىڭ زېمىنى ۋە خەلقى ئەسلى تاڭ خاندانلىقىنىڭ زېمىنى ۋە خەلقى ئىدى. بەشبالىق تۇتۇق ھەراۋۇل مەھكىمىسى ۋە ئەنشى تۇتۇق ھەراۋۇل مەھكىمىسى بۇ جايلاردا ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بۇ جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئىچكى رايونلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق ئىدى. بۇ ھال ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ خەن خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

ئىككىنچى، ئېلىمىز تارىخىدا يۈز بەرگەن بۆلۈنۈشنىڭ بەزىلىرى مىللەتلەر ئارا بۆلۈنۈش خاراكتېرىنى ئالغان، تېخىمۇ كۆپرەكى مىللەتنىڭ ئۆز ئىچىدىكى بۆلۈنۈش ئىدى، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، رايونلار ئارا بۆلۈنۈش ئىدى، ئېلىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدە، بەزىلەر مەملىكىتىمىز تارىخىدا يۈز بەرگەن بۆلۈنۈش تىلغا ئېلىنغان ھامان، كۆپىنچە ئۇنى مىللەتلەر ئارا بۆلۈنۈش دەپ قارايدۇ، مېنىڭچە، بۇنداق قاراش ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن ئەمەس. دەرۋەقە، بىر مۇنچە بۆلۈنۈشلەر مىللەتلەر ئارا بۆلۈنۈش خاراكتېرىنى ئالغان، مەسىلەن، بەش خۇ (بەش ئاز سانلىق مىللەت) قۇرغان 16 پادىشاھلىق بىلەن شەرقىي جىن (东晋)، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار، بەش دەۋر ۋە سۇڭ، لياۋ، جىن (金) قاتارلىقلار، بۇلاردىكى ھۆكۈمران مىللەتنىڭ بەزىلىرى خەنزۇ، بەزىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىدى، لېكىن بۇ دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاشمايدۇ، بىراۋپمۇ خەنزۇلار ھەممە دۆلەتتە بار ئىدى، پۈتۈن خەنزۇ مىللىتى بىر نەچچە قىسىمغا بۆلۈپ تاشلانغان بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەرگە مەنسۇپ بولغان. مەملىكىتىمىز چىن شىخۇاڭ تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بىرىنچى قېتىم يۈز بەرگەن بۆلۈنۈش

پۈتۈنلەي خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بولۇنۇش بولۇپ، ۋېي، شۇ، ۋۇدىن ئىبارەت ئۈچ پادىشاھلىقتىكى ھۆكۈمران مىللەتنىڭ ھەممىسىلا خەنزۇ ئىدى، مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولىدىغان بۇنداق بولۇنۇش ئەھۋالى ئازسانلىق مىللەتلەر ئىچىدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت بولغان، مەسىلەن، ھۇنلارنىڭ خانى قوغشار تەڭرىقۇت خەن خاندانلىقىغا بېقىنىپ قالغاندىن كېيىن، غەربتىكى قۇتىنۇش تەڭرىقۇت ئەمەلىيەتتە بولۇنۇپ چىقىپكەتكەن، شەرقىي خەن دەۋرىگە كەلگەندە، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جەنۇپ ۋە شىمال تەڭرىقۇتى بولۇپ ئىككىگە بولۇنۇپ كەتكەن. تۈركلەرمۇ ئالاھەزەل دەسلەپتىلا شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك بولۇپ ئىككى چوڭ قىسىمغا بولۇنۇپ كەتكەن؛ شۇنىڭدەك تۈرك بىلەن تېلېلار ( تورالار ) نام جەھەتتە ئىككى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تۈركتىن ئىبارەت بىر مىللەتنىڭ ئىككى قىسىمغا بولۇنگەنلىكى ئىدى، موڭغۇللار تېخىمۇ شۇنداق، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىدىن باشقا يەنە تۆت خانلىق، بۇزدانلىقلىرى بولغان، بۇ ھال كىشىلەرنى ئېلىمىز تارىخىدا يۈز بەرگەن بولۇنۇشلەرنىڭ ماھىيىتى زادى نېمە؟ دېگەن مەسىلىنى ئىلگىرىلەپ ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، روشەنكى، بۇنداق بولۇنۇشنىڭ ماھىيىتى ھەرگىزمۇ مىللەتلەر ئارا بولۇنۇش بولماستىن، بەلكى رايونلار ئارا بولۇنۇشتۇر، ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن رايونلار ئارا بولۇنۇش يۈز بېرىدۇ؟ بۇنىڭ ئاخىرقى سەۋەبىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىزدەشكە توغرا كەلسە كېرەك، ئەگەر چىن سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق بارغانسېرى كۈچەيگەن بىرلىك ۋەزىيىتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى، ئاخىرقى ھېسابتا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى، يەنى ئىقتىساتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن رايونلار ئارا ئالاقىنىڭ كۈنسايىن كۈچەيگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بولۇنۇش ۋەزىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ ئوخشاشلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى، يەنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئۆزلۈكسىز ھالدا يۈزبەرگەن تەكشىسىزلىكنىڭ نەتىجىسى. باشلانغۇچ جەمئىيەتتىن تارتىپلا خۇاڭخې ۋادىسى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى بولۇپ كەلگەن ئىدى، خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، چاڭجياڭ ۋادىسىنىڭ ئىقتىسادى بىرقەدەر تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندى، نەتىجىدە شۇ، ۋۇ ھاكىمىيەتلىرى كۈچلىنىپ، خۇاڭخې ۋادىسىدىكى ساۋۋېي ھاكىمىيىتى بىلەن پۇت تېپىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزبەرگەن بىرقانچە قېتىملىق بولۇنۇش ۋەزىيىتىمۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى مۇشۇنداق تەكشىسىزلىك بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئۇنىڭدىن قالسا، ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا شەكىللەنگەن ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەسىلەن، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئوتتۇرىسىدىمۇ ئاسانلا ئارازلىق يۈز بېرەتتى، لېكىن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يۇقۇرقىدەك ئىقتىسادىي ئەھۋال، ئەينى چاغدا يەنە بىرلىككە كېلىش ۋە بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئامىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇڭا، بىرلىك ھامان بولۇنۇشنىڭ ئورنىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى؛

ئۈچىنچى، مەملىكىتىمىز تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن مىللەتلەرنىڭ بەزىلىرى ھۆكۈمران مىللەت، بەزىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەت بولدى؛ بەزىلىرى ھۆكۈمران مىللەتتىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتكە ئايلاندى. بۇ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن مەزگىللەردىمۇ شۇنداق، بۆلۈنۈش يۈز بەرگەن مەزگىللەردىمۇ شۇنداق بولغان ئىدى. مەملىكىتىمىز تارىخىدا يەككە بىر مىللەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى تېپىش ناھايىتى قىيىن. ھۇنلارنىڭ ھاكىمىيىتى يەككە مىللەتنىڭمىدى؟ ياق، ئۇ بۇرۇنلا «شىمالدىكى غۇزلارنى، چۆيشىلارنى، تۇغلۇقلارنى، خاكاسلارنى، شىنلىلارنى بويسۇندۇرغان»؛ كېيىنرەك يەنە سايبى، ئۇغان قاتارلىق مىللەتلەرنى بويسۇندۇرغان، سايبىلارنىڭ ھاكىمىيىتى يەككە مىللەتنىڭمىدى؟ ياق، «شىمالىي تەڭرىقۇت قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، سايبىلار ئۇلارنىڭ زېمىنىگە كۆچۈپ بارغان. ئۇ يەردە قېپقالغان 100 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ھۇنلار ئۆزلىرىنى سايبى دەپ ئاتاشقان». شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەر، سۇر - تاردۇشلار، تۈركەشلەر، ئۇيغۇرلار، قارا خانىلار قاتارلىقلارنىڭ ھاكىمىيىتى يەككە بىر مىللەتنىڭمىدى؟ ياق، ھېچقايسىسىنىڭ ئۇنداق ئەمەس. تۈركى مىللەتلەر چارۋىچىلىق قىلغان رايونلاردا بۇرۇنلا «خىلمۇ - خىل ئاھالىلار» بار ئىدى. بەزى يولداشلار بۇ مىللەتلەرنىڭ تارىختا تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن باشقا مىللەتنىڭ ھاكىمىيىتىگە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭدىكى خاندانلىققا بويسۇنۇپ كەلگەنلىكىنى كۆپىنچە ئېتىراپ قىلماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتماقتا. بۇ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش پوزىتسىيىسى ئەمەس. بىز مىللىي زۇلۇم دېگىنىمىزدە ئالدى بىلەن ۋە ئاساسلىقى، ھۆكۈمران مىللەت ئىچىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆز قولىدىكى ھاكىمىيەتتىن پايدىلىنىپ، باشقا مىللەتلەرگە زۇلۇم سالغانلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز؛ ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئىككىنچى بىر مىللەت تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىساق، ئۇ ھالدا ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ بۇ بىر مىللەتنى ئەزگەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىق بولمامدۇ؟ بۇنداق بولغاندا، تارىخمۇ بىمەنە خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇغۇ!

## (2) مىللى ئىتتىپاقلىق ۋە مىللى باراۋەرلىك

نېمە ئۈچۈن بۇ ئىككى مەسىلىنى بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىمىز؟ بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، قارىماققا، بۇ ئىككى ئىشنىڭ تارىختا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى گويا مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. ئىلىم ساھەسىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى بەزى يولداشلاردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆز قاراش بىلىنەر - بىلىنمەس ھالدا مەۋجۇت. پاكىت زادى قانداق!

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەملىكىتىمىز تارىخىدا مىللىي زۇلۇم، مىللىي تەڭسىزلىك ئومۇمىيۈزلۈك، ئۇزاق مۇددەتكىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، بۇنىسى ھەممىمىزگە ئايان.

گەپ شۇندىكى، مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىق مەۋجۇت بولغانم
يوق؟ بەزىلەرگەرچە مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، دەپ ئوچۇق ئېيتمى
لېكىن ئۇلارنىڭ بايانلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە مىللەتلەر ئارا بۇند
ئىتتىپاقلىقنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. مېنىڭ قارىشىمۇ كۆپ ساندىكىلەرن
قارىشى بىلەن ئوخشاش، يەنى مەملىكىتىمىز تارىخىدا مىللىي ئىتتىپاقلىق مەۋجۇت ئىد
مىللىي ئىتتىپاقلىق ھەرگىزمۇ قايسى بىر شەخسنىڭ ياكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ياخشى ئارز
سىدىن ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ ئاساسلىقى، ئوبيېكتىپ ئېھتىياجدىن كېلىپ چىققان بىر خ
ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىك. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھەر قايسى مىللەتل
ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە ئورتاق مەنپەئەت، ئورتاق ئېھتىياج، ئورتاق ئارزۇ مەۋجۇت بول
تۇرىدۇ، بۇنداق ئورتاقلىق يەنە مۇقەررەر يوسۇندا ئورتاق ھەرىكەتنى كەلتۈرۈپ چىقىر
ياكى ئۇلارنى ئۆز ئارا ھەمداشلىق قىلىش، ئۆز ئارا ياردەملىشىش، ئۆز ئارا ماسلىش
ھەرىكەت قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن: ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش
قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، خەنزۇلار، ئۇيسۇنلار، تۇغلۇقلار، سايبلار ۋە غەربىي رايوندىكى
قايسى مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىگە زەربە بەرگەن ۋە ئۇ
ئاجىزلاتقان. بۇ ئىشنى ھەر قايسى مىللەت ھۆكۈمرانلىرى ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، لېك
ئۇنىڭغا كەڭ خەلق ئاممىسى قاتناشقان، چۈنكى بۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەت
ئۇيغۇن ئىدى. بۇنداق مىساللارنى تارىختىن كۆپلەپ تاپقىلى بولىدۇ. تاڭ خاندانلىقى دەۋرى
خەنزۇلار شىمالىي گوبىدىكى تۇرا قانارلىق مىللەتلەر ھەمدە غەربىي شىمالدىكى ئاز سانل
مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىنى يوقاتقان. موڭغۇللار دەسل
باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، غەربىي رايوندىكى ھەر قايسى جايلار غەربىي لياۋ (كىدانلار) ن
ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كۆپىنچە ئۆزلىكىدىن چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان، شۇ
چىڭگىزخان شىنجاڭنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشتا ئانچە كۆپ جاڭ قىلمىغان. چ
سۇلالىسى جۇڭغارىيىدىكى داۋاچىنى تىنچىتىش ئىشىنى موڭغۇل، جۇڭغار، ئۇيغۇر قانارل
مىللەتلەرنىڭ كۈچلۈك ماسلىشىشى بىلەن ئېلىپ بارغان، بۇنىڭدىمۇ ھەقانچە ئۇرۇش قىلما
غەلىبە قازانغان.

ۋاڭ ماڭنىڭ تەتۈر قىلمىشلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك خەلق قوز
لىڭنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى چېگرا رايونلاردىكى ھۇنلارنىڭ جۇملىد
غەربىي رايون قانارلىق جايلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ۋاڭ
ھاكىمىيىتى ئەنە شۇنداق پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىت
كۆرسىتىشىنىڭ يالقۇنى ئىچىدە ھالاك بولغان. 19 - ئەسىرنىڭ 50 - ۋە 60 - يىللىر
پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا مەنچىڭ خاندانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن زور قوزغىلاڭ ھەر مىللە

خەلقى بىرلىكتە ئېلىپ بارغان ھەركەت بولۇپ، ئىلگىرى-كېيىن قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ۋە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتناشقانلار ئىچىدە خەنزۇ، جۇاڭزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر بار ئىدى. شىنخەي ئىنقىلاۋى پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا بۇ ئىنقىلابقا ھەممىدىن ئاۋال ئاۋاز قوشقانلار خەنزۇلار بولسىمۇ، لېكىن باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ كۈرىشىمۇ ئارقا-ئارقىدىن كۆتۈرۈلدى. مەسىلەن، قۇمۇلدىكى دىخانلار قوزغىلىڭى، چاپچالدىكى شىبە خەلقىنىڭ فېئوداللىققا قارشى كۈرىشى، چىرىيەدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چاررۇسىيىگە قارشى كۈرىشى ۋە باشقىلار.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەھۋاللار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان جەمئىيەتتە، مىللى زۇلۇم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جەمئىيەتتە، ھەر قايسى مىللەت، بولۇپمۇ ھەر قايسى مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرى بىرلىشىپ ئورتاق قارشى ئۇرۇشى — ھەر دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش.

ئەلۋەتتە، مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىق پەقەت بىرلىشىپ كۈرەش قىلىش جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى مىللەتلەر ئارا ئىقتىسات، مەدىنىيەت جەھەتتىكى ئالاقە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشتا، تېخىمۇ ئېنىقراق تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار مىلادىن ئىلگىرى كۆپ تونۇشتۇرۇلغان بولغاچقا، بۇ يەردە يەنە ئۇنى تەكرارلىماي، پەقەت بىر نەچچە مىسالنى ئېلىپ ئۆتمەكچىمەن.

خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى شاۋدى زامانىدا، ئوردىدا ئىلگىرىكى پادىشاۋۇدىنىڭ يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرى ئۈستىدە بىر مەيدان كەسكىن مۇنازىرە بولغاندا، ئوردا باش تەپتىش بېگى ساڭ خۇڭياڭ پادىشا ۋۇدىنىڭ سىياسەتلىرىنى قوغداش مەۋقەسىدە تۇرۇپ، ئاق كۆڭۈل ئەدىپلەرنىڭ ئەيىپلەشلىرىگە رەددىيە بەرگەن. ئۇ، ئاق كۆڭۈل ئەدىپلەرنىڭ: چېگرا رايونىنى ئېچىش زىيانلىق، دېگەن پىكرىگە رەددىيە بەرگەندە مۇنداق دېگەن: «ئىچكى ۋىلايەتلەردە ئاھالە كۆپ، سۇ، ئوت-چۆپلىرى قىسراق، يەرلىرى زەي، ئات-كالا بېقىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، دىخانلار سوقا-ساپانىنى ئۆزلىرى سۆرەپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ، ئەپكەشنى يۈدۈپ يۈرىدۇ، ئەمگەككە چۈشلۇق ئوزۇق ئالالمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن پۇخرالار نامرات بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكلىرى يېتىشمەيدۇ. قېرى ئاجىزلار ھارۋا سۆرەيدۇ، ۋەزىر-ۋۇزرالار كالا ھارۋىسىدا ئولتۇرىدۇ. پادىشا شياۋۋۇ ئوي-دۆڭلىكلەرنى تۈزلەپ كۆكتاتلىق قىلغان بولسا، چياڭلار بىلەن خۇلار چارە باغ ياسىغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوردىلىرىنىڭ ئارقا ھويلىلىرى ئاجايىپ-غارايىپ ئىللەرسىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئاتخانىلىرى يورغا ئات، تۇلپارلار بىلەن تولغان، ئاددەتتىكى خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ، خەلقلەر مېۋە-چېۋىلەردىنمۇ زېرىككەن. مۇشۇ ئەھۋاللاردىن

قارىغاندا، چېگرا رايونلارنىڭ بايلىقى مول، تۇرمۇش پاياشاتلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ جايلارنىڭ نېمە خۇۋلۇقى بولسۇن دېيىش ئەقىلغا سىغمايدۇ. بۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭدىكى خەنزۇلار رايونى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭدىكى خەنزۇلار رايونىغا قانداق تايانغانلىقىغا كەلسەك، بۇنى ئۆتكەندىكى ھەر قايسى دەۋرلەردە چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرى بىلەن سودا ئالاقە قىلىشقا نەقەدەر موھتاج بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ كەم بولسا زادى بولمايدىغانلىقىغا قاراپ چۈشىنىۋالالايمىز. مۇنداق بىر مىسالنى كۆرسىتەيلى: خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، ۋېي سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، دۇنخۇاڭدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىر كىچىكلىك چوڭ مىللەت خالىغانچە زوراۋانلىق قىلىپ، غەربىي رايوندىن بارغان كارۋانلار ۋە ئەمەلدارلارنى توسۇۋېلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغىلى قويمىغان. ئۇلارنى قاتتى - سودىسى قىلىپ بوزەك ئەتكەن. غەربىي رايونلۇقلار ئۇزۇندىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن. كېيىن ساڭ تسى (仓慈) ئىسىملىك بىر كىشى ئۇ يەرگە ۋالىي بولۇپ بېرىپ، ئۇ زوراۋانلارنى چەكلىگەن. دۇنخۇاڭدا توسۇلۇپ قالغان غەربىي رايونلۇقلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرغان، بەزىلىرىگە گۇۋاھنامە بېرىپ لوياڭغا يولغا سالغان. بەزىلىرىنى ئادەم قوشۇپ غەربىي رايونغا قايتۇرغان. ئۇلار بىلەن سودا قىلغاندا ئادىللىق بىلەن قىلغان. بۇنىڭدىن غەربىي رايون سودىگەرلىرى ناھايىتى مەمنۇن بولغان. ئىلگىرى توسۇلۇپ قالغان مېڭىپ يولى قايتا راۋانلاشقان. كېيىن ساڭ تسى ئاغرىپ ئۆلگەن، بۇ خەۋەر غەربىي رايونغا يېتىپ بارغاندا، غەربىي رايونلۇقلار ئارقىمۇ-ئارقا غەربىي رايون دورغابى ۋە تىركەك چېركىچى مەھكىمىسىگە بېرىپ تەزىيە بىلدۈرگەن، پىچاق بىلەن يۈزلىرىنى تىلىپ، قان چىقىرىش ئارقىلىق ئۆز ئىخلاسىنى بىلدۈرگەن. بەزى جايلار ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن خاتىرە ئۆيلىرى سالدۇرغان. بۇنىڭدىن غەربىي رايونلۇقلارنىڭ بۇ سودا يولىنىڭ راۋان بولۇشىغا نەقەدەر موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتە، چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭدىكى خەنزۇلار بىلەن ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشلىرىمۇ كۆلسايىن قويۇق بولغان. دىن، پەلسەپە، قانۇن-تۈزۈملەردىن تارتىپ تاكى ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسۇل، رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق، بىناكارلىق جەھەتلەردە، خەنزۇلارمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتكەن. قىلچە مۇبالىغە قىلماستىن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە نەچچە مىڭ يىللىق ئالماشتۇرۇشلار ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرى بىلەن چېگرا رايونلار ئوتتۇرىسىدا، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، تەدرىجىي ھالدا بىر پۈتۈن گەۋدە شەكىللىنىپ چىققان، بۇنداق پۈتۈنلۈك سىياسىي جەھەتتىن چوڭ بىرلىك ۋۇجۇتقا

كەلگەن دەۋرلەردە تېخىمۇ راۋاجلانغان. سىياسىي جەھەتتىن بۆلۈنۈش يۈز بەرگەن مەزگىللەردىمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىغان، دېمەك، ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ھېچقايسىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەت مانا مۇشۇنداق ئۇزاق تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن.

## (3) مىللىي كۈرەش ۋە سىنىپىي كۈرەش

مەملىكىتىمىز تارىخىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھەم ئۇزاققىچە مىللەتلەر ئارا كۈرەش مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۇ كۈرەش ئاساسەن ئىككى خىل شەكىل ئالغان: (1) بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ھۆكۈمران مىللەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش؛ (2) ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك مىللەت قۇرغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش. بۇ ئىككى خىل كۈرەش بەزىدە بىللە مەۋجۇت بولغان، بەزىدە ئۆز ئارا گىرەلىشىپ يۈز بەرگەن ۋە بىر-بىرىگە ئايلانغان. بۇنداق كۈرەشلەرنى قانداق توغرا چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ — مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى توغرا باھا قىلىشتا ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان بىدنە بىر مەسىلە. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى — ئۇنىڭ سىنىپىي كۈرەش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش.

ئىنسانلار جەمئىيىتى زىددىيەت بىلەن تولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە زىددىيەت بىلەن زىددىيەت بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر-بىرىنى ئالغا سۈرىدۇ، بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۆز ئارا سىڭىشىدۇ، تۈرلۈك زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. قارىماققا قالايمىقان-تەرتىپسىزدەك كۆرۈنىدۇ؛ لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسى ئاساسىي زىددىيەت، قايسى ئىككىنچى ئورۇندىكى زىددىيەت ئىكەنلىكىگە ئايرىۋېلىنسىلا، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىش-ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنىمۇ ئاسان ئىگەللەپ ئالغىلى بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت — ھەر قايسى جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت ھېسابلىنىدۇ. سىنىپلارنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەتمۇ سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەش بولۇپ ئىپادىلەندى. شۇڭا، ماركس بىلەن ئېنگېلس قايتا-قايتا: «ھازىرغىچە بولغان بارلىق جەمئىيەت تارىخى (توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ، يازما خاتىرە بولغان تارىخنى كۆرسىتىدۇ) سىنىپىي كۈرەش تارىخىدۇر»؛ «ئۆتكەندىكى پۈتكۈل تارىخ، ئىپتىدائىي ھالەتتىن باشقىسى، سىنىپىي كۈرەش تارىخىدۇر»؛ «ئۆتكەندىكى پۈتكۈل تارىخ سىنىپىي ئانتاگونىزم ۋە سىنىپىي كۈرەش داۋامىدا راۋاجلانغان» دەپ ئېيتقان. سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ باشقا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ رول، يېتەكچى رول ئوينايدىغانلىقىنى بىر قاراپلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. مىللىي زىددىيەت — بىر خىل مۇھىم ئىجتىمائىي زىددىيەت، ئەلۋەتتە.

لېكىن سىنىپىي جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان جەمئىيەتتە، سىنىپىي زىددىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يەنىلا ھەل قىلغۇچى يېتەكچىلىك قىلىنغۇچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنىشلىك. بۇ ئىككى جۈپ زىددىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا، ئىلگىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە بىر قەدەر مۇقىملىشىپ قالغان مۇنداق بىر خىل ئىبارە بولۇپ، بۇ، مىللىي كۈرەشنىڭ ماھىيىتى — سىنىپىي كۈرەشتۇر، دەپ ئاتىلاتتى. مېنىڭچە، بۇ، ماركسىزمغا ئۇيغۇن. لېكىن بۇ يەردە تەكىتلەپ كۆرسىتىشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش يەنىلا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئىچىدە پەيدىن - پەي ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغان بولغاچقا، بۇ ئىبارە ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. ئىلگىرى «سولچىل» خاتالىق ئەۋج ئالغان مەزگىللەردە، بولۇپمۇ 10 يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، جياڭ چىڭ، لىن بياۋدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ-نىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا «شەپقەتسىز كۈرەش، رەھىمسىز زەربە» نىڭ يامراپ كېتىشى ئەنە شۇ ئىبارىنىڭ ئولۇك ھالدا قوللىنىلغانلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

تارىختا مىللىي كۈرەشنىڭ ماھىيىتى سىنىپىي كۈرەش ئىكەنلىكى قانداق ئىپادىلەنگەن؟ ئالدى بىلەن، بىر مىللەتنى كۈچ - كۈچكە سېلىپ ئىككىنچى بىر مىللەتنى بوزەك قىلىدىغان ئېزىدىغانلار چوقۇم شۇ مىللەتنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. ئۇلار ئۆز مىللىتىدىن بولغان خەلقنى ئالداش ئۈچۈن، ھەمىشە «مىللەت» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، لېكىن، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇنىڭ ھەممىسى يەنىلا شۇ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. باشقا مىللەتلەرنى بوزەك قىلىشتا، ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى تەشكىلاتچى ۋە قوماندان بولىدۇ؛ خەلق ئاممىسى مەجبۇرىي قاتنىشىدۇ، بەزىلىرى ئالدىنىپ قاتنىشىدۇ. باشقا مىللەتلەرنى بوزەك قىلىش نەتىجىسىدە، مەنپەئەتدار بولىدىغانلار ھامان ھۆكۈمران سىنىپ، رىيازەت چېكىدىغانلار بولسا ھامان ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى، ئېزىلگۈچى مىللەتلەر باشقا مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان چاغلىرىدا، كەڭ خەلق ئاممىسى-نىڭ ئۈستىدە ئەسلى مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيىنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن يەنە بىر قەۋەت زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قوشۇلىدۇ - خالاس. بۇنداق ئەھۋالدا، ئېزىلگۈچى مىللەت ئىچىدىكى ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن ئەزگۈچى مىللەت ئىچىدىكى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلىدۇ، چۈنكى ئالدىنقىسىنىڭ مەنپەئەتى مەلۇم دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرايدۇ، ئىجتىمائىي ئورنى مەلۇم دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ؛ لېكىن ئۆز مىللىتىدىن بولغان خەلقنى ئېزىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش جەھەتتە بولسا، بويسۇندۇرغۇچى مىللەتنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى بىلەن بىردەكلىكتە ئىكەندۇر. چۈنكى كېيىنكىسى — ئالدىنقىسىنىڭ يۆلەنچۈكى، ئالدىنقىسى بولسا كېيىنكىسىنىڭ چوماقچىسى ۋە غالچىسى، دەل شۇنداق بولغاچقا، ئېزىلگۈچى

مىللەت خەلقى قارشىلىق كۆرسىتىپ كۈرەشكە ئاتلانغاندا، ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلغان شۇ مىللەت ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلارنى ھامان ئەزگۈچى مىللەت ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ئېزىلگۈچى مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلاڭلىرى شىددەت بىلەن ئەۋج ئالغاندا، شۇ مىللەتنىڭ ھۆكۈمران سىنىپى ئۆز مەنپەئەتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىر دەملا قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ داھىسى بولىۋالىدۇ. بۇ چاغدا، قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنى گويا پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئىنچىكىلەپ كۆزەتكەندە، ھەر قايسى سىنىپلار ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا مىللىي زۇلۇم تۈگىتىلىش بىلەنلا، ھەتتا تېخى تولۇق تۈگىتىلمەي تۇرۇپلا، سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى ئانتاگونىزىيە دەرھال گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي ئېكسپلاتاتسىيە — پەقەت ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭلا ئىشى. چۈنكى ئېزىش ئۈچۈن ئېزىش ۋاستىسى بولۇشى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئېكسپلاتاتسىيە ۋاستىسى بولۇشى لازىم. ھالبۇكى، مەھكۇم سىنىپلاردا بۇنداق ۋاستە يوق. يۇقۇرقىدەك ئەھۋال مەملىكىتىمىز تارىخىدا ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، بۇنداق مىساللار ئىنتايىن كۆپ.

يۇقۇرقى ئەھۋاللار بىزگە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا، تارىخنى تەتقىق قىلغاندا، سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىنىڭ مۇقەررەر مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېنىن «كارل ماركس» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بىر جەمئىيەتتە، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خاھىشى يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خاھىشى بىلەن توقۇنۇشىدۇ، ئىجتىمائىي ھايات زىددىيەت بىلەن تولغان بولىدۇ. تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، مىللەتلەر ئارا ھەمدە ھەر قايسى مىللەت، ھەر قايسى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەر دائىم كۈرەش بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىنقىلاب دەۋرى، ئەكسىيەتچىلىك دەۋرى، تىنچلىق دەۋرى ۋە ئۇرۇش دەۋرى، تۇرغۇنلۇق دەۋرى ۋە تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىش دەۋرى ياكى خارابلىشىش دەۋرى ئۈزلۈكسىز يەڭگۈشلىنىپ تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرگە ئايان پاكىت. ماركسىزم بىزگە بىر يېتەكچى يىپ ئۇچىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، بىزنى قارىماققا مۇشۇنداق تۇمانلىق-دۇغلۇق ھالەتلەر ئىچىدىن قانۇنىيەتنى تېپىپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ يىپ ئۇچى — سىنىپىي كۈرەش نەزەرىيىسىدۇر». تارىخنى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىنى سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تەتقىق قىلمىغاندا، تارىخ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخى باش-ئايىغىنى تاپقىلى بولمايدىغان گادىرماچ ھېساۋات دەپتىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## (4) كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ۋە دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەتلەر

ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىدا، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن دېخانچىلىق

بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىراق، مېنىڭ بىلىشىمچە، ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، بۇ مەسىلە دەل ئەكسىچە، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىدىن چەتتە قالدى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە كۆپ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، پەقەت تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشكە تولىمۇ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتىمەن.

بىرىنچى، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى كۆپ ھاللاردا مىللەتلەر مۇناسىۋىتى دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەينى زاماندىكى جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن، ھەتتا شۇ چاغلاردىكى دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگىمۇ تەسىر قىلغان. ھۇنلارنىڭ چىن-خەن سۇلالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ ياۋروپاغا بېرىشى بۇنىڭ بىر مىسالى، تۈركلەرنىڭ سۈي-تاڭ سۇلالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە ئۇلارنىڭ پارسىيە، ئەرەب، شەرقىي رىم قاتارلىق ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە توقۇنۇشلىرى بۇنىڭ يەنە بىر مىسالى، موڭغۇللارنىڭ خەنزۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە ئۇلارنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى رولىغا كەلسەك، بۇنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. تاكى مەنچىڭ سۇلالىسىغا قەدەر، شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ ناھايىتى زور بولغان ئىدى.

ئىككىنچى، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە بولغان تايىنىشىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر، شۇنداقلا ئۇزۇن ئارا زىددىيىتىمۇ ناھايىتى كەۋدە-لىك ئىدى. بىر-بىرىگە بولغان تايىنىش مۇناسىۋىتى توغرىسىدا، يۇقىرىدا بىر ئاز توختالدىم، بۇ يەردە مەسىلىنى چۈشىنىۋېلىشقا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن يەنە بىر مىسالنى تولۇقلاپ قويماقچىمەن: مەشھۇر «يىپەك يولى» دېگەندە ئۇ يالغۇز شەنشى، گەنسۇدىن چىقىپ تارىم ئويمانلىقى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان كارۋان يولىنىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدىن چىقىپ شىمالدىكى يايلاقلارغا، ئاندىن شىمالدىكى يايلاقلار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان كارۋان يولى، يەنى «يايلاقتىكى يىپەك يولى» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇزۇن ئارا زىددىيەت تەرىپىگە كەلسەك، قىلچە مۇبالىغە قىلماستىن شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئېلىمىز تارىخىدىكى مىللىي زىددىيەت، ئاساسەن، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن دېھقان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىدى.

ئۈچىنچى، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققاندا ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، نوپۇسى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا نوپۇسى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە جىق بولغان دېھقان مىللەتلەرنى يېڭىپ تاشلىغان ئىدى. بىراق، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى دېھقان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت

تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، كوپ ھاللاردا تېزلا ئوزگىرىش پەيدا بولىدۇ، ھوكۇمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت، ھوكۇمرانلار گۇرۇھى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېز كەسكىنلىشىدۇ، نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچىمۇ تېزلا ئاجىزلىشىپ زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ.

توتىنچى، كوچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ چارۋىچى خەلقلىرى يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، يۈرۈش-تۇرۇشتا، ئاساسەن ئوزىنىڭ چارۋىچىلىقى ۋە ئاددىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە تايىناتتى، ئوز ئوزىنى تەمىنلەش خۇسۇسىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار كونىلىققا بەك يېپىشىۋالاتتى. نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى، كوچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىدا تەرەققىيات-ئوزگىرىش بولمىدى دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن تەرەققىيات-ئوزگىرىش ھامان بەك ئاستا بولىدۇ. بىراق، قانداقلىكى بولمىسۇن، ئۇلار دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرالمىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي تەرىپىدە دېھقانچىلىق رايونى ھامان ئاستا-ئاستا كېڭىيىپ باردى، چارۋىچىلىق رايونى ھامان ئاستا-ئاستا تارىيىپ باردى ۋە بەزى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دېھقانچىلىقمۇ تەدرىجىي راۋاجلىنىپ ماڭدى.

## خاتىمە

ئېلىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول. يۇقىرىدا ئېيتىلغانلىرى ئۇنىڭ بىر نەچچە تەرىپىدىنلا ئىبارەت. گەرچە بۇ بىر نەچچە تەرەپتىكى مەسىلىنىڭ ئوزى ئىنتايىن مۇھىم بولسىمۇ، مېنىڭچە، ئېلىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە دائىر تەتقىقاتنى ھەم كەڭلىك ھەم چوڭقۇرلۇق جەھەتتىمۇ قانات يايدۇرۇش كېرەك. بۇ يەردە ئەڭ مۇھىمى، مول تارىخ ماتېرىياللىرىنى ماركسىزم بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، تەتقىقات خىزمىتىمىزدە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. يولداشلار بىلەن بۇ ھەقتە ئورتاقلىشىشنى خالايمەن.

ئېزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى